# 130883 ـ ۋەخپە قىلىنغان مالنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

ۋەخپە قىلىنغان ماللارنىڭ ئارىسىدا قۇربانلىق ماللار بار، بۇ ۋەخپىگە ۋەكىل بولغان كىشى، بۇ ماللارنى مەلۇم بىر شىركەتكە سەرمايە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن پايدىنى قۇربانلىق قىلماقچى، بۇنداق قىلىش توغرا بولامدۇ؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ ماللارنى جازانە شەكلىدە مۇئامىلە قىلمايدىغان ئىشەنچىلىك شىركەتكە سەرمايە قىلسا ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان كىرىمدىن قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ. ["شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 20-توم 21-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.